مىللىتىمىز تۈرك دىنىمىز ئىسلام
ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستان

1993- يىل 9- ئاي (9- سان)

# شەرقى تۈركىستان ياشلىرى

Ücretsizdir
ئايلىق سىياسىي گېزىت
AYLIK SIYASI GAZETE

# Doğu Türkistan Gençleri

## شەرقى تۈركىستان ھەيئىتى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى ۋە بىر قىسىم ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ تۈركىيەدىكى باش ئەلچىلىرىنى زىيارەت قىلدى



(ھەيئىتىمىز قىرغىزىستان ئەلچىسى بىلەن بىرگە)



(ھەيئىتىمىز ئۆزبېكىستان ئەلچىسى بىلەن بىرگە)

تۈزمۇخبىرلىرىمىزدىن خەۋىرى: 1993- يىلى 9- ئاينىڭ 16- ۋە 17- كۈنلىرى، تۈركىيەدىكى شەرقى تۈركىستان ۋەخپىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دوسېنت، دوكتور سۇلتان ماخمۇت قاشقارلى باشچىلىقىدىكى شەرقى تۈركىستان ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەنقەرەگە بېرىپ، قىرغىزىستان، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى ھەمدە سەئۇدى ئەرەبىستان، پاكىستان، ئافغانىستان قاتارلىق ئىسلام ئەللىرىنىڭ تۈركىيەدىكى باش ئەلچىلىرى ۋە باش ئەلچى ياردەمچىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلار بىلەن دوستانە قىزغىن سۆھبەتلەشتى. (داۋامى 2- بەتتە)



(ھەيئىتىمىز سەئۇدى ئەرەبىستان ئەلچىسى بىلەن بىرگە)

## ئاۋۇستىرالىيە كىشىلىك ھوقوق ئۆمىكى شەرقى تۈركىستاننى زىيارەت قىلدى

«شەرقى تۈركىستان خەۋەرنامىسى» 1993- يىلى ئاۋغۇست سانىدىكى خەۋىرى: ئاۋۇستىرالىيە كىشىلىك ھوقوق تەكشۈرۈش ئۆمىكى، شەرقى تۈركىستاننى زىيارەت قىلىپ، بۇ رايوندىكى يەرلىك تۈركلەرنىڭ ئېغىر ھالەتكە ئۇچراۋاتقانلىقى ھەققىدە بىر يۈرۈش پاكىتلىق ماتېرىياللارغا ئېرىشتى. ئاۋۇستىرالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قولىشى بىلەن بۇ رايونغا زىيارەت ۋە تەكشۈرۈشكە كەلگەن 10 كىشىلىك ئۆمەك 1992- يىلى تويا بىردا، شەرقى تۈركىستاندا كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى يولغا قويۇۋاتقان كىشىلىك ھوقوق تاجاۋۇزچىلىقىغا دائىر مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ، بۇ يەردىكى يەرلىك تۈرك مىللەتلىرىنىڭ سىياسىي، مەدەنىي ۋە دىنىي جەھەتتە ئېغىر بېسىمغا ھەمدە ئېزىلىشكە ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇ ۋەكىللەر ئۆمىكى تەييارلىغان دوكلاتتا، كىشىلىك ھوقوق تاجاۋۇزىدىن كېلىپ چىققان ۋەھشىيانە يەرلىك كىشىلەرنىڭ خىتايغا قارشى پوزىتسىيىسىنىڭ تاھايىتى جىددىي ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. دوكلاتتا يەنە، ئۇيغۇرلار خىتايلارنىڭ شەرقى تۈركىستاننى كونترول قىلىشىغا پۈتۈنلەي قارشى ئىكەنلىكى، گەرچە ئايرىلىش ۋەسىيەسى ھوقۇقلىرىنىڭ شۇندا قىلا تېپىنچ يول بىلەن قارشىلىق بىلدۈرۈش ھوقۇقىنىڭ خىتايلار تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنغانلىقى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان. ئۇيغۇرلار شىكايەت قىلىپ، خىتايلارغا بېرىلگەن خىزمەت
داۋامى

## چىن ھۆكۈمىتى پۈتۈن كۈچىنى شەرقى تۈركىستاندىكى نېفىتنى ئېچىشقا قاراتتى

قىزىل چىننىڭ ئەڭ چوڭ سىياسىي گېزىتى «خەلق گېزىتى» نىڭ 1993- يىل 8- ئاينىڭ 25- كۈنىدىكى سانىغا «قۇرۇق قۇملۇقتىكى نېفىت ئۈمىدى ھەرىپتە» دېگەن ماۋزۇدا ماقالە بېسىلدى. بۇ ماقالىنىڭ ئەينەن تەرجىمىسى تۆۋەندىكىچە:

«چىن نېفىت تەبىئىي گاز باش شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ۋاڭ تاۋ بۈگۈن مەتبۇئاتلارغا بەرگەن ئاخبارات ئىشخانىسى تەشكىللىگەن چەت ئەل مۇخبىرلىرىنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا مۇنداق دېدى: 90- يىللاردىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ قۇرۇقلۇق نېفىت ساناتى «شەرقتە مۇقىملاشتۇرۇپ، غەربتە تەرەققىي قىلدۇرۇش» ستراتېگىيىسى ئەمەلىيەتتە يولغا قويۇلۇپ، تەرەققىياتنى تېزلەشتۈرۈشتەك ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلتۈرۈلدى».

ۋاڭ تاۋ مۇنۇلارنى ئاشكارىلىدى: تېخى تولۇق ئېچىلمىغان غەربىي رايوندىكى قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتى كىشىنى خوشال قىلىدۇ، مۆلچەرلىنىشىچە، بۇ يىل 15 مىليون توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى تارىم، جۇڭغار، تۇرپان-قۇمۇل ئۈچ ئويمانلىقتا بۇندىن كېيىنكى بىر قانچە يىلدا نېفىتنىڭ زاپاس مىقدارى ئېنىقلىنىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش باسقۇچى بارلىققا كېلىدۇ. تارىم ئويمانلىقىدا، 6 نېفىتلىك ۋە تەبىئىي گاز مەيدانى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى ھەمدە بىرخىل سانائەت خاراكتېرلىك نېفىت، تەبىئىي گاز قۇرۇلمىسى بايقالدى، نۆۋەتتە، جەنۇبىي بۈگۈر قاتار-
داۋامى 3- بەتتە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# شەرقى تۈركىستان ھەيئىتى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى ۋە بىر قىسىم ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ تۈركىيەدىكى باش ئەلچىلىرىنى زىيارەت قىلدى

(بېشى 1- بەتتە)

شەرقى تۈركىستان ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە، تۈركىيە شەرقى تۈركىستان كۆچمەنلەر دەرنىكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئادۋوكات ئابدۇل ھەمىت ئەرباش، ھارماس ئىستىقلالچىمىز ۋە بايراقدارىمىز ئەيسا يۈسۈپ ئالىپ تېكىننىڭ ۋاكالەتچىسى ۋە ئوغلى ئارسلان ئالىپ تېكىن، سابىق شەرقى تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى مەرھۇم مەسئۇت سابىرىنىڭ قىزى گۈلتېكىن خانىم، دىپلومات مۇھەممەت نىيازى مەھمۇت ئوغلى قاتارلىقلار بار.



(ھەيئىتىمىز پاكىستان ئەلچىسى بىلەن بىرگە)

ۋقىمىز تارىخ سەھىپىسىدە مەڭگۈ ئالتۇن نۇر چاچقۇسى».

شەرقى تۈركىستان ۋەكىللەر ئۆمىكى، ئەڭ ئاۋۋال ئەرەبىستان باش ئەلچىسى تاجى مادىق ئۆزفەتى، ئافغانىستاننىڭ مۇۋەققەت ئەلچىسى ئازىم تاسىم زىبلا ۋە پاكىستان باش ئەلچىسى ۋەكىلى ئاتتىيا ماھمۇت خانىملار بىلەن كۆرۈشكەندە، بۇ ئىسلام ئەللىرىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان شەرقى تۈركىستان خەلقىگە دوستانە قول سۇنۇپ كەلگەنلىكىنى، شۇنداقلا، نەچچە ئۆتمىگلىغان شەرقى تۈركىستانلىق ھاجىلارنى قوبۇل قىلىش، كۈتۈۋېلىش جەھەتلەردە زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى ۋە ھەمخورلۇق قىلغانلىقىنى تىلغا ئالدى، شۇنداقلا بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلارغا سەمىمىي رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ ئىسلام ئەللىرىنىڭ باش ئەلچىلىرىمۇ شەرقى تۈركىستان خەلقى بىلەن بولغان دوستلۇق ۋە قېرىنداشلىقنى مەڭگۈ قەدىرلەيدىغانلىقىنى ھەمدە، شەرقى تۈركىستان ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتىدىن كۆپ خۇرسەن بولغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئاخىرىدا، شەرقى تۈركىستان ۋەكىللەر ئۆمىكى بۇ تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى ۋە ئىسلام دۆلەتلىرى باش ئەلچىلىرىنى، ئەيسا يۈسۈپ ئالىپ تېكىن 9- ئاينىڭ 25- كۈنى ئىستانبۇلدا تۈركىيەدىكى شەرقى تۈركىستانلىقلارغا ۋاكالىتەن بېرىدىغان زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى، باش ئەلچىلەر بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى.



(ھەيئىتىمىز تۈركمەنىستان ئەلچىسى بىلەن بىرگە)

شەرقى تۈركىستان ۋەكىللەر ئۆمىكى 9- ئاينىڭ 16- كۈنى ئالدى بىلەن، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ باش ئەلچىسى تۆلەمۇش ئوغايىپ، ئۆزبېكىستاننىڭ باش ئەلچىسى ئەبەيدۇللا ئابدۇرازاق، تۈركمەنىستان باش ئەلچىسى ۋەكىلى ئاننا گۈلى نۇرمۇھەممەتلەر بىلەن كۆرۈشكەندە، باش ئەلچىلەر تۈركىستان ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ زىيارىتىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۆمەك باشلىقى سۇلتان ماخمۇت قاشقارلى باش ئەلچىلەرگە مۇنداق دېدى: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ دۆلەت بايرىقى ئارقا- ئارقىدىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ئېسىلغاندا، پۈتۈن شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ كۆزىدە ئىسسىق ياش كەلدى، چۈنكى، سىلەرنىڭ مۇستەقىل بولغىنىڭلار ئوخشاشلا بىزنىڭمۇ مۇستەقىل بولغىنىمىز، پۈتۈن شەرقى تۈركىستان خەلقى سىلەرنىڭ مۇستەقىللىققا ئېرىشكەنلىكىڭلارنى قىزغىن قۇتلۇقلايدۇ».

ئارقىدىنلا سۇلتان ماخمۇت قاشقارلى مۇنداق دېدى: «ھازىر، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىدە كۆپلىگەن شەرقى تۈركىستانلىق خەلق ياشىماقتا، بۇ جۇمھۇرىيەتلەر شەرقى تۈركىستان خەلقىغە باشپانا بولۇپ، ئۇلارغا ھەر قايسى جەھەتلەردىن ئاتىدارچىلىق ۋە ھەمخورلۇق قىلىپ كەلمەكتە. بىز شەرقى تۈركىستان خەلقى سىلەرگە چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز».

باش ئەلچىلەر ئۆمىكىمىز ئەزالىرىغا مۇنداق دېدى: «بىز شەرقى تۈركىستان بىلەن تارىختىن بۇيان ئىناق دوست بولۇپ كەلگەن، مۈرىنى- مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىپ، شانلىق مىللى مەدەنىيىتىمىزنى ئورتاق بارلىققا كەلتۈرگەن، ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىدە ياشاۋاتقان شەرقى تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىز يېقىندىن مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن بۇ تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ دۆلەت قۇرۇلۇشىغا زور يار دەم بەرمەكتە. ئىشىنىمىزكى، بىزنىڭ ئۆز ئارا دو-



(ھەيئىتىمىز ئافغانىستان ئەلچىسى بىلەن بىرگە)

## شەرقى تۈركىستان داۋاسى دۇنيا مەتبۇئاتىدا

گېرمانىيىنىڭ «دەر شپىگېل» دېگەن ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ 1993- يىللىق 33- سانىدا، چىن ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقى تۈركىستاننى مۇستەملىكە قىلىۋالغانلىقى ھەققىدە بىر ماقالە بېسىلدى. بۇ ماقالىدە، چىن كوممۇنىستلىرىنىڭ 1949- يىلى شەرقى تۈركىستاننى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىنكى ئەھۋاللارغا قارىتا ئەيسا يۈسۈپ ئالىپ تېكىننىڭ سۆزى نەقىل كەلتۈرۈلۈپ: «چارەك مىليون كىشى خوشنا مەملىكەتلەرگە چېقىپ سەرگەردان بولۇپ كەتتى، بەش يۈز مىڭدىن ئارتۇق كىشى كوممۇنىستلارنىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانلىرىدا ھاياتىدىن ئايرىلدى» دەپ يازدى ۋە مىسال قىلىپ، خىتايلارنىڭ يەرلىك كىشىلەرگە بولغان پوزىتسىيىسىنى تۆۋەندىكىدەك ئىپادىلىدى: «چۈنكى مىسلىدىكىدەك كېلىپ بىزنىڭ ئۆيلىرىمىزدە، ئېتىزلىرىمىزدا، ئېغىل ۋە قوتانلىرىمىزدا ئۆزلىرىنى بوردا ۋاتىدۇ».

## يەركەنتتە چوڭ پارتلاش يۈز بەردى

ۋەتەندىن كەلگەن خەۋەرلەرگە قارىغاندا، بۇ يىل يەركەن ناھىيەسىدە ئىككى ئاي ئىچىدىلا ئىككى قېتىم چوڭ پارتلاش يۈز بەرگەن.

1993- يىلى 7- ئاينىڭ 7- كۈنى، يەركەن ناھىيىسىنىڭ ئىستىمال شىركىتى ئاشخانىسى ئالدىغا توختىتىپ قويۇلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى» نىڭ 480 مىڭ يۈەن قىممەتتىكى بىر پىكاپ پارتىتىلىپ، پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىنغان.

1993- يىلى 8- ئاينىڭ 1- كۈنى، يەركەن ناھىيە يېڭىشەھەر كۆكتات بازىرىدىكى ئاقتۇن خىتايلار تۇپلاشقان سىنئالغۇ قويۇش ئۆيى پارتىتىلىپ، نەق مەيداندا 9 خىتاي ئېغىر زەخمىلەنگەن، ئۇلاردىن ئىككىسى داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلگەن. تىزىش جىن ھۆكۈمىتى بۇ ئىككى قېتىملىق پارتلاش ۋەقەسىنى «بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار» پەيدا قىلغان دەپ گۇمان قىلىنىپ، يەرلىك خەلق ئارىسىدا جىددىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماقتا.

قەدىرخان ياركەندى شېئىرلىرىدىن پارچە

كەمبەغەل كەبىسە كۆلانى،
شەيخلىرىڭ ئادەم ئەمەس.
ئۆلگىچە ئەيتسام مۇقامنى،
مەن ئۈچۈن ماتەم ئەمەس.

كەچتىم مەن زامانىڭدىن،
ياخشى كىم يامانىڭدىن.
ئاقسەللە، پېشىلسەللە،
بىزارمەن تامامىڭدىن.

مۇقام جاھاندا تاڭنىڭ ساباسى،
جانانغا جاننى قالسۇن ساداسى.
ھەم تەڭ كېلەلمەس بۇلبۇل ناۋاسى،
ئالەمدە يوقكى بۇنىڭ باھاسى.

دوختۇر. ئاجان

## ئاھ، تۈركىستان!

(شېئىر)

سېيىتنىسا لوقمان شەمشات

شەرقنىڭ ئاسمىنىدا ئالتۇن يۇلتۇزدەك،
چاقنىغان ئانا يۇرت گۈزەل تۈركىستان،
قۇچىقى پاياسىز رەڭدار گىلەمدەك،
ھۆسنىدۇر گويا كى جەننەت گۈلىستان.

بېھىشتەك گۈللىغىنىڭ باغۇستى تۇرۇپ،
قۇللۇقتا ئىڭرايدۇ ئۇيغۇر ئەۋلادى،
تارىختىنىڭ شاھىدى ئەزىز قەشقەرنىڭ،
پەلەككە يەتمەكتە ئاھۇ-پەريادى!

ئەنە گۈل خوتەننىڭ كوچىلىرىدا،
سەبىلەر سارغىيىپ يۈرەر خارۇ-زار،
ھاياتلىق ئانىسى ئەمگەكچى خەلقىم،
بايلىقنى يارىتىپ ئۆزى ئاچۇ-زار.

كۈمۈشدان ماكانى شۇ گۈزەل ئاقسۇ،
ئىبلىسنىڭ زۇلمىدىن كەتكەن ھالسىراپ،
كورلىنىڭ لالىزار بوستانلىرىغۇ،
تۇڭگۇزلار دەستىدىن ياتار قاغجىراپ.

تۇرپاننىڭ جەننەتتەك ئۈزۈمزارلىرى،
ئايلانغان يىرتقۇچنىڭ ئىشرەتگاھىغا،
بۇلغىنىپ قومۇلنىڭ چىمەنزارلىرى،
يوقالدى ئەڭ پاسىق تاپان ئاستىدا.

ۋە، لېكىن بۇ زۇلۇم ئەمەس ئەبەدىي،
يانغۇسى بىر كۈنى ھۆرلۈكنىڭ چىراق،
خىتاينىڭ تاجۇ-تەختى يېتىپ زاۋالىق،
لەپىلدەر تۈركىستاندا ئاي-يۇلتۇز بايراق!

(1993-يىل 8-ئاي، ئىستانبۇل)



## ئامانىساخان غەزىلى

("ئاقىۋەت")

رەتلىنىپ قۇتلۇق مۇقام جار بولدى ئەلگە ئاقىۋەت،
تەلمۈرۈپ كۈتكەن تىلەك ئاشتى ئەمەلگە ئاقىۋەت.

ئۆتتى ئۆنبەش كۈز باھار، كۈلدى مۇقام پۈرە گۈللىرى،
كۈلدى يايراپ ئاڭلىغەنلىكنىڭ كۆڭۈللەر ئاقىۋەت.

خەلق مۇقامغا بېقىپ تەلمۈردى ئاشىقلار ھامان،
كەتمىدى ئەل ئارمىنى بىھۇدە سەللەگە ئاقىۋەت.

باغ ئارا گۈل ئىشقىدا بۇلبۇل چىمەنگە زار ئىدى،
سايرىدى خەندان ئولتۇرۇپ قونغاندا گۈلگە ئاقىۋەت.

سايرىغاندا نەغمە، ئەمشەرەپ، داستان مەرغۇللىرى،
ۋەجدىن ئاسمان-زېمىن سەيلىگە تولدى ئاقىۋەت.

ياق! مۇغەننىلەر ھامان چالماقتا زوق بىرلە ناۋا،
قىز-يىگىت جەۋلان قىلىپ، جۇشتى سەنەمگە ئاقىۋەت.

ئەي نەپىسى تەمبۇر، ئەگىنى سايرىتىپ چالغىن راسا،
جامىمىز تولغاي شارابقا چىقسۇن ئارمان ئاقىۋەت.

دوختۇر ئا. جان

# «ئو.ن.پ.ئو» يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر



8- ئاينىڭ 4- كۈنى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەش-
كىلاتىنىڭ جەنۋەدىكى يىغىن زالىدا، «بىرلەشكەن
دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر
تەشكىلاتى» نىڭ يىغىنى چاقىرىلدى.
سۈرەتتە: بۇقېتىمقى يىغىنغا قاتناشقان تىبەت،
شەرقىي تۈركىستان ۋە باشقا ئەللەرنىڭ ۋەكىللىرى
خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشمەكتە.



8- ئاينىڭ 4- كۈنى، جەنۋەدە ئېچىلغان «بىرلەشكەن
دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر
تەشكىلاتى» يىغىنىدا، بۇ تەشكىلاتنىڭ باشلىقى ئەركىن
ئالپتېكىن، «چىننىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان
ھەقلىرى تاجاۋۇزى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى.
سۈرەتتە: ئەركىن ئالپتېكىن دوكلات بەرمەكتە.



«يۇ ن پ ئو» يىغىنىدا، يىغىن رەئىسى ئەركىن
ئالپتېكىن ۋە شەرقىي تۈركىستان ۋەكىلى ئاخۇنجان تالار
شاڭگاڭ گېزىتلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى ھەمدە خەلقئارا
كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن شەرقىي تۈر-
كىستان مەسىلىسى ھەققىدە سۆھبەتلەشمەكتە.



«ئو ن پ ئو» يىغىنىغا قاتناشقان شەرقىي
تۈركىستانلىق ياش مۇجاھىت كېرەم شىرىپ، چەتئەل
مۇخبىرلىرىغا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى
ئەھۋالىنى تونۇشتۇرماقتا.



«ئو ن پ ئو» يىغىنىغا قاتناشقان تىبەت ۋە
شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرى بىرگە.



تىبەت ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى «ئو ن پ ئو»دا

# بارىن قەھرىمانلىرى



مۇھەممەت ھەسەن



تۇرغۇنجان مەھەممەت



ئەزىز قۇربان



مەھەممەت روزى



قۇربان جۇمە



تۇختى ئىسلام



تۇرغۇن ئابدۇلكېرىم



مۇھەممەت ئەسەن ئۆمەر



ھارۇنجان مۇھەممەت



راخمانجان ئەخمەت



زەيدىن يۇسۇپ





جاپپار مۇھەممەت



ئەخەت ئابلاھبەردى



روزى ھاشىم



قۇربان مۇھەممەت



ئەخمەت ئەسەن



روزى جۇمە

在历史上曾数次受外国侵略并受其统治的中国人民，应该理解今天在中共总领统治下的东土耳其斯坦人民受奴役的痛苦和我们的正义民族独立运动。中共的末日已来临，我们的祖国定将解放，我们劝告汉人，不要当中共民族殖民统治政策的牺牲品，停止移居东土耳其斯坦。

We *worn* the international companies which they made contracts with the Republican of China to search for petrol and minerals and all other national resources in Synkying which is the independent area in the west of China. *Not to be involve* with the Republic of China or the National China in dealing with these Governments to steal and west our national resources in the Area. we announce that these deals and contracts are not legal, until we get our right on our freedom country.
(*Alourgorion*

لاخوة الايمان في سائر الدول العربيه والاسلاميه وبيوت المال والتجاره تناشدكم باسم الاخوة الاسلاميه العالميه ان تحذروا في المعامله مع الصين الشعبيه والوطنيه بغمط حقوق اخوانكم في الله في تركستان الشرقيه الذين يعانون الامرين من ظلم وطغيان الفئه الحاكمه في الصين وسوف نقابل الاحسان بالاحسان منذ فجر يوم الخلاص باذن الله تعالى.
( الاويغوريون .

# بارىن قەھرىمانلىرى


ئىساق قارى باي ئوغلى


ھۈسەيىن قۇربان


ئابدۇھامىت قارپالتا


ئىبراھىم ئەخمەت


جامال مۇھەممەت


يولۋاس توختى


ئابابەكرى تۇرغۇن


ئابدۇغېنى تۇرسۇن


مۇھەممەت ياسىن


ئابدۇرېھىم تۇردى


سۇلايمان ئەيسا










مىللىتىمىز تۈرك دىنىمىز ئىسلام
ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان

# شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى

ئايلىق سىياسىي گېزىت ( ھەقسىز )

1993- يىل 10- ئاي ( 5 - سان )

AYLIK SIYASI GAZETE

# Doğu Türkistan Gençleri

## «شەرقىي تۈركىستان ياشلار بىرلىكى» خىتابنامىسى

بۈيۈك كوممۇنىزىم لاگېرىنىڭ جۇڭگودىن باشقا دۇنيا جۇغراپىيىسى
يۈزىدىن ئۆچۈرۈلۈشى، كۆپلىگەن مۇستەملىكە مىللەتلەر ئۆز تەقدىرىنى
ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى
ئىنسان ھەقلىرى ئومۇمىي باياناتىنىڭ روھى بىلەن، دېموكراتىيە
ۋە ئىنسان ھەقلىرى، پۈتۈن دۇنيادىكى تىنچلىق ۋە تەرەققىيلىكنى
سۆيگۈچى خەلقنىڭ ئورتاق شوئارىغا ئايلاندى !
مۇشۇنداق بىر تارىخىي ۋەزىيەتتە، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان
تېخىچە مۇستەملىكىچى قىزىل جىننىڭ ئىشغالى ئاستىدا مۇستەملىكە
ھالەتتە ياشىماقتا، كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقان سىياسىي ۋە مىللىي
زۇلۇم شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ۋە
ئەركىن ياشاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلماقتا !
تارىختىن بېرى مۇستەقىل ياشاپ كەلگەن ۋە دۇنيا مەدەنىيىتىگە
ئالتۇن تۆھپىلەرنى قوشقان شەرقىي تۈركىستان خەلقى، مەيلى مانجۇلار
دەۋرىدە بولسۇن، مىللەتچى جىن دەۋرىدە بولسۇن ياكى ھازىرقى قىزىل
جىن دەۋرىدە بولسۇن، مىللىي مۇستەقىللىق كۈرەشلىرىنى بىر مىنۇتمۇ
توختىتىپ قويغىنى يوق !
بولۇپمۇ قىزىل جىن شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغاندىن بېرى،
شەرقىي تۈركىستان خەلقى جىن مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ۋەھشىيانە
زۇلۇملىرىغا قارشى قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلدى، شۇنداقلا، ئۆزلىرىنىڭ
دېموكراتىيە ۋە تەرەققىيلىك ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ھەققانىي كۈرەش-
لىرى سەۋەبىدىن، مۇستەبىت قىزىل جىن ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن
ياۋۇزلارچە باستۇرۇلۇپ، ئىنسان ئېيتقۇسىز دەرىجىدە ئازاب ۋە
ئىسكەنجىگە ئۇچراپ كەلمەكتە. كوممۇنىستلارنىڭ تۈرمىلىرى ئەركىنلىك
ۋە دېموكراتىيە تەلەپ قىلغان خەلقىمىز بىلەن لىق تولدى !

(داۋامى 2- بەتتە)

باش ماقالە

## پىتنە - پاساتچىلار
## ئەمدى بازار تاپالمايدۇ

ئىسمى ئۆچۈپ ۋەتەندىن ئايرىلدۇق ؟
خۇددى مەشھۇر ئىنقىلابچىمىز مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانىڭ ئېيتقىنىد-
دەك، «ۋەتەن ئۆچۈپ ۋەتەندىن ئايرىلدۇق !».
دېموكراتىيە ۋە ئىنسان ھەقلىرى پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ ئورتاق
شوئارىغا ئايلانغان، قىزىل جىن يېڭى دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ بېسىمى
ئاستىدا زاۋاللىققا يۈزتۇتۇۋاتقان، ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى شەرقىي
تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق كۈرەشلىرى كۈندىن -
كۈنگە كۈچىيىۋاتقان بۈگۈنكى تارىخىي شارائىتتا، «شەرقىي تۈركىستان
ياشلار بىرلىكى» نىڭ قۇرۇلۇپ رەسمىي ئىشقا كىرىشكەنلىكى، زور تارىخىي
ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىش !
كىشىنى كۈچلۈك ھاياجانغا سالىدىغىنى شۇكى، ۋەتەن ئىچى ۋە سىرت-
تىدىكى بىر قىسىم ۋەتەنپەرۋەر ياشلارنىڭ ئورتاق ئاۋاز قوشۇشى ۋە
«خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى» ئىجرائىيە كومى-
تېتىدىكى ياش ئەزالارنىڭ بىۋاستە رىياسەتچىلىكىدە، بۇ يىل 4 -
ئاينىڭ 9 - كۈنى رەسمىي قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ياشلار بىر-
لىكى» رەئىس ئەنۋەر رەخىمنىڭ رەھبەرلىكىدە، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە

(داۋامى 2 - بەتتە)

## شەرقىي تۈركىستانلىقلار
## مىننەتدارلىق زىياپىتى بەردى



ئۇيغۇر مۇخبىرىمىز: 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، تۈركىيەدىكى ھارماس
ئىنقىلابچىمىز ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈر-
كىستانلىق قېرىنداشلىرىمىز، تۈركىيە، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك
جۇمھۇرىيەتلىرى ۋە بىر قىسىم ئىسلام ئەللىرىگە مىننەتدارلىق بىلدۈ-
رۈش يۈزىسىدىن، ئىستانبۇل شەھىرىدە شۈكران يېمىكى بەردى.
شۈكران يېمىكىگە، تۈركىيەنىڭ دۆلەت ئەرباپلىرى، مىللەت ۋەكىل-
لىرى، تۈركىيەدىكى مەشھۇر زاتلار، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك جۇمھۇرىيەت-
لىرى ۋە بىر قىسىم ئىسلام ئەللىرىنىڭ تۈركىيەدە تۇرۇشلۇق باش
ئەلچىلىرى، كونسۇللىرى، شۇنداقلا تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق
قېرىنداشلاردىن بولۇپ 200 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.
«تۈركىيە» گېزىتىنىڭ داڭلىق مۇخبىرى، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ
سادىق دوستى سەرۋەت قاباقلى ئەپەندى بۇ قېتىمقى شۈكران يېمىكىگە
رىياسەتچىلىك قىلدى.
تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ باش مىنىستىرى تەنسۇچىللەر خانىم، تۈر-
كىيە مىللىي ھەرىكەت پارتىيىسىنىڭ رەئىسى ئالپارسلان تۈركەش ۋە
بىر قانچە مىنىستىر، مىللەت ۋەكىللىرى شۈكران يېمىكى مۇناسىۋىتى
بىلەن ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىنگە تەبرىك تېلېگراممىسى يوللىدى.

داۋامى 3 - بەتتە

## شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى
## ئامېرىكىدا جانلانماقتا

«شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى» نىڭ ئامېرىكىدىكى باش
ئەمەلدارى غۇلامىددىن پاختا خەۋەر قىلىدۇ:
ئامېرىكىدا ئەڭ چوڭ تەسىرچانلىققا ئىگە بولغان «ئەسىر مىللەتلەر
ھەپتىلىكى» پائالىيىتىدە، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى گەۋدىلىك
ئورۇنغا ئۆتتى.

داۋامى 3 - بەتتە





# شەرقى تۈركىستانلىقلار
# مىننەتدارلىق زىياپىتى بەردى

(بېشى 1- بەتتە)

شۈكران يىغىنىدا، ئالدى بىلەن ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن سۆز قىلىپ، 1949- يىلى قىزىل چىن شەرقى تۈركىستاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، چەتئەللەرگە سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كەتكەن شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئومۇمىي يۈزلۈك تەپسىلىي تونۇشتۇردى ۋە ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: «ئەينى چاغدا، قىزىل چىننىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدا ياشاشنى خالىماي، سەرگەردان بولۇپ چىققان نەچچە يۈز مىڭ شەرقى تۈركىستانلىق ھازىر قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، پاكىستان قاتارلىق ئەللەردە ياشاپ كەلمەكتە. كۆپ يىللاردىن بېرى بۇ ئەللەر شەرقى تۈركىستان خەلقىغە باشپانا بولۇپ، ئۇلارنى شۇ دۆلەتلەردە ئەركىن ياشاش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. شۇنداقلا، شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى قوللىدى، ھېسداشلىق قىلىپ كەلدى. مەن شەرقى تۈركىستان خەلقىغە ۋاكالىتەن بىزگە غەمخورلۇق قىلغان بۇ دۆلەتلەرگە سەممىي رەھمەت ئېيتىمەن!».

شۈكران يىغىنىدا يەنە، تۈركىيەنىڭ سابىق مەدەنىيەت مىنىستىرى، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ پىرېزىدېنتى سۇلايمان دېمىرەلنىڭ باش مەسلىھەتچىسى نامىق كامال زەيبەك، تۈركىيە مىللەت ۋەكىلى سەپقى شاھىن، تۈرك دۇنياسى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى تۇران يازغان، تۈركىيە گېزىتىنىڭ داڭلىق مۇخبىرى ئەخمەت قاباقلى، ئەزەربەيجان باش كونسۇلى شائىر ئاباس ئابدۇللا خوجا ئوغلى قاتارلىق 15 دىن ئارتۇق مېھمان ئارقا - ئارقىدىن سۆز قىلىپ، تۈركىي ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاق قىلىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش... جەھەتلەردە كۆپلىگەن قىممەتلىك پىكىرلەرنى بەردى ھەمدە، شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ھەققانىي كۈرەشلىرىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدىغانلىقلىرىنى بىلدۈردى.



# شەرقى تۈركىستان دەۋاسى
# ئامېرىكىدا جاڭلانماقتا

بېشى 1- بەتتە

دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى ئومۇمىي بايانامىسى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئامېرىكا كونگرېسى دۇنيادا يەنىلا ئىنسانىي ھەقتىن مەھرۇم ھالدا ياشاۋاتقان مىللەتلەرنىڭ بارلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، 1959- يىلى 7- ئاينىڭ 17- كۈنى «86 - 90» نومۇرلۇق بىر قارار ماقۇللاپ، ئۇنى پۈتۈن دۇنياغا ئېلان قىلغان ئىدى. ئامېرىكا كونگرېسى تەرىپىدىن رەسمىي تەستىقلىنىپ چىققان بۇ دۆلەت قانۇنىدا، «پۈتۈن دۇنيادا مىللىي ئەركىنلىك ۋە ئىنسانىي ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم ھالدا ياشاۋاتقان ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئەركىنلىكىنى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرگەنگە قەدەر، ھەر يىلى 7- ئاينىڭ ئالدىنقى ھەپتىسى، «ئەسىر مىللەتلەرنى خاتىرىلەش ھەپتىسى» قىلىپ بېكىتىلىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن ئىدى. مانا ھازىر 35 يىل ئۆتتى، 35 يىلدىن بېرى «ئەسىر مىللەتلەر ھەپتىلىكى» پائالىيىتى نيۇيورك شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىنىۋاتىدۇ.

سوۋېت كوممۇنىزم دىكتاتورلىقىنىڭ چۈكۈشى بىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كاۋكاسىيادىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەر ئۆز مۇستەقىللىقىغە ئېرىشتى. شۇندىن كېيىن، نيۇيورك شەھىرىنىڭ ئەڭ ئاۋات 5- كوچىسىدا ناھايىتى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىنىۋاتقان ئەسىر مىللەتلەر ھەپتىلىكى پائالىيىتى بىر ئاز سۇسلىشىپ قالدى، بۇ پۇرسەتتىن غەنىمەت بىلگەن چىن بىلەن روسىيە، «ھازىر ئەسىر مىللەتلەر ھەپتىلىكىنى خاتىرىلەشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، ئامېرىكا ئەسىر مىللەتلەر كومىتېتىنى تارقىتىۋېتىشى كېرەك» دەپ جار سېلىشتى.

ئالدىنقى يىلى 12- ئايدا ۋاشىنگتوندا ئۆتكۈزۈلگەن ئىنسان ھەقلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بىر يىغىندا، چىن تەرەپ بىلەن شەرقى تۈركىستان تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى ئۆز ئارا مۇنازىرىلەشتى، چىن تەرەپ ۋەكىلى، «ئەسىر مىللەتلەر كومىتېتىنى تارقىتىۋېتىش كېرەك» دېگەندە، ئامېرىكىدىكى شەرقى تۈركىستانلىقلار جەمئىيىتىنىڭ ۋەكىلى چىنغا رەددىيە قايتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «نېمىگە ئاساسەن بۇ كومىتېت تارقىتىلىشى كېرەك؟ سوۋېت ئىمپېرىيالىزمىنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن پۈتۈن دۇنيادىكى ئەسىر مىللەتلەر يوقاپ كەتكىنى يوق، ھازىر چىن مۇستەملىكىسى ئاستىدا ياشاۋاتقان 25 مىليوندىن ئارتۇق تۈرك مۇسۇلمانلىرى بىلەن تىبەت، موڭغۇل، مانجۇلار تېخى زۇلۇمدىن قۇتۇلغىنى يوق!»

ئارقىدىنلا خىتاي ۋەكىلى بانە كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى: «دۇنيادا تىبەت، شەرقى تۈركىستان دەپ مەملىكەت يوق. تىبەتلەرنىڭ ئىنسان ھەقلىرى دەۋاسىنى بىر تەرەپ قىلساق، ئوتتۇرىدا دەۋا يوقايدۇ. شىنجاڭ (شەرقى تۈركىستان) ئىككى مىڭ يىلدىن بېرى بىزنىڭ ئۆز تۇپرىقىمىز، ئۇ بىزگە تەۋە».

ئامېرىكىدىكى شەرقى تۈركىستانلىقلار جەمئىيىتىنىڭ يېڭى رەئىسى ئابدۇللا خوجا رەددىيە قايتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ 1884- يىلدىكى ياقۇپبەگ دەۋرىگە قەدەر ياشىغان مۇستەقىل دۆلىتىمىز ھەمدە 1933- يىلى قەشقەردە ئېلان قىلىنغان شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىمىز ۋە 1944- يىلى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە قۇرۇلغان مۇستەقىل شەرقى تۈركىستان ھۆكۈمىتىمىز بار ئىدى، شەرقى تۈركىستان ھېچ بىر زامان ئىككى مىڭ يىلدىن بېرى چىنغا باغلانغان دۆلەت ئەمەس».

يۇقىرىقى جاۋاپلاردىن چىن ۋەكىلى زادىلا ئېغىز ئاچالماي قالدى، بۇ مەسىلە يىغىنغا قاتناشقان ئامېرىكا دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ كۈچلۈك دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى، بۇ تېمىنى ئاچقىنى ئۈچۈن، يىغىن كومىتېتى شەرقى تۈركىستان ۋەكىللىرىگە رەھمەت ئېيتتى. چىن ۋەكىلى يىغىن زالىدىن رەسۋالارچە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

ھازىر ئامېرىكىدا، «چوڭ بىر كوممۇنىزم لاگېرى يوقالغان بولسىمۇ. ئەمما، چىندىن ئىبارەت يەنە بىر كوممۇنىزم لاگېرى تېخىچە مەۋجۇت، بۇ لاگېرنىمۇ يوقۇتۇش كېرەك» دېگۈچىلەر بارغانسېرى كۆپەيدى، شۇڭا، شەرقى تۈركىستان مىللىي ئازادلىق داۋاسى يالغۇز ئەسىر مىللەتلەر كومىتېتىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئامېرىكىدا بارغانسېرى كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىماقتا. شەرقى تۈركىستاننىڭ ئاي - يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقى نيۇيورك شەھىرىنىڭ ھەممىلا كوچىلىرىدا جەۋلان قىلىشقا باشلىدى.

داۋامى 12- بەتتە



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ئامېرىكىدا جانلانماقتا



بېشى 3-بەتتە

يۇقارقىدەك تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشلەر ئارقىسىدا، بۇ يىل 7- ئايدا نيۇيورك شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «ئەسىر مىللەتلەر ھەپتىلىكى» پائالىيىتىدە، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا زور ئەھمىيەت بېرىلدى.

نيۇيورك شەھىرىنىڭ مەشھۇر باغچىسى ئىچىدە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايرىقى ھەر تەرەپكە ئېسىلىپ، مىللى شوئارلار يېزىلغان لوزۇنكىلار ئېسىلدى. ئامېرىكىنىڭ سابىق پارلامېنت ئەزاسى نيۇيورك مىللەت ۋەكىلى ھون. مارىيو بياگى تەكلىپكە بىنائەن ئالاھىدە بۇيەرگە كېلىپ، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ پائالىيىتىگە قاتناشتى ھەمدە شەرقىي تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيىنىڭ ئامېرىكىدىكى باش تەمسىلچىسى ۋە ئامېرىكا تۈركىستانلىقلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى غۇلامىدىن پاختا بىلەن رەئىس سەھنىسىدە بىرگە ئولتۇردى. ئۇ مىكرافوندا سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننى ۋە غۇلامىدىن پاختىنى ئاممىغا بىر قۇر چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، غۇلامىدىن پاختىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات بېرىشنى تەلەپ قىلدى، شۇنداقلا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ نىمىلەرنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى، قانداق شىكايەتلىرى بارلىقىنى سورىدى. پېشقەدەم ئىنقىلاپچىمىز غۇلامىدىن پاختا بۇ پائالىيەتتە ئامېرىكا خەلقىگە، شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمنى تەپسىلى ئاڭلاتقاندىن كېيىن، ئاخىردا مۇنداق دېدى: «خىتايلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەكلىماكان چۆلىنى تېخى يېقىنغىچە، «بارساكەلمەس ئۆلۈم يولى» دەپ ئاتاپ كەلگەن ئىدى، ئەمما ھازىر شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىم ۋادىسىدىن دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان ساپ نېفىت چىققاندىن كېيىن، خىتايلار بۇ چۆلنىڭ نامىنى «ئۈمىد چۆلى» گە ئۆزگەرتتى، ئەمما، بۇ يەرنىڭ خوجايىنلىرى بولغان شەرقىي تۈركىستانلىقلار بۇ بايلىقتىن مەھرۇم ھالدا ناھايىتى نامراتلىق، پەرىشانلىق ئىچىدە ياشىماقتا».

ئارقىدىن غۇلامىدىن پاختا ئامېرىكىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى تۈرلۈك سوئاللىرىغا جاۋاپ بەردى.

شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ بۇقېتىمقى پائالىيىتى ھەققىدىكى خەۋەرلەر، ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى چوڭ رادىيو، تېلېۋىزور ۋە گېزىتلىرىدە ئومومى يۈزلۈك خەۋەر قىلىندى. ھازىر غۇلامىدىن پاختا ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى تەشكىللەپ، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى ئامېرىكىدا تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشماقتا.







## شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۈمىت ئىچىدە ياشىماقتا

بېشى 15-بەتتە

مايدۇ، دەپ ئېلان قىلدى. ئەمما، ئەينى چاغدا مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ بۇ رايوندىكى باشقۇرۇشى ناھايىتى ئاجىز ئىدى. بۇ رايوندىكى يەرلىك ھۆكۈمەت مەركىزى ھۆكۈمەتكە بويسۇنماي، ئىز ئالدىغا ھۆكۈمەت قۇرۇپ، مىللىتارىستلارچە ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت قۇرۇلمىسى ۋە رەھبەرلىك سىستېمىسىنى تۇرغۇزغان ئىدى. شىنجاڭ ھۆكۈمىتى موسكۋا بىلەن مەخپى كېلىشىم تۈزۈپ، بۇ ئۆلكىنى سوۋېتنىڭ باشقۇرۇشىغا كىرگۈزگەن، بۇنىڭ بىلەن چىن سوۋېتنىڭ تاجاۋۇزچىلىق تەھدىتى ئاستىدا قالغان ئىدى.

ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ئەفەندى ئەينى چاغدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ياش رەھبەرلىرىدىن بىرى ئىدى، ئۇ جاڭ جېشى بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىنى تارقىتىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە يۈكسەك ئاپتونومىيە بېرىشنى تەلەپ قىلغان، ئەمما، جاڭ جېشى، ئاپتونومىيە مۇستەقىللىقنىڭ ئاچقۇچى، دەپ ئەيىبلەشىپ، بۇ تەلەپنى رەت قىلغان. ئۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئەسكەرلىرى شەرقىي تۈركىستانغا كىرىپ، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىزلىگۈنچى كۈچلەرنى ئازسىلىشقا ياردەم بېرىپ، تاكى 2 - دۇنيا ئۇرۇشىغىچە ئۇ يەردە تۇرغان.

شەرقىي تۈركىستاندا مۇستەملىكىچىلىك كومىنىزم دەۋرىدىمۇ يەنە ئوخشاشلا داۋام قىلىپ كەلدى، دەسلەپتە ماۋزېدۇڭ سۆيۈنچۈكەن ئوتتۇرىغا قويغان تەشەببۇسنى قوللىغان ئىدى، 1949- يىلى ئۇ، ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپلا، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە يول تۇتتى ۋە، «شىنجاڭ 2000 يىلدىن بېرى چىننىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسى، مىلدىراتىك سېپتىما، ئارىخمىزغا ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىزگە زىيانلىق» دەپ ۋەدىسىدىن يېنىۋالدى، مۇشۇنداق بىر ئارا ئىستىتا، ئەيسا ئەفەندىم چىننى تەرك ئېتىپ، تۈركىيەگە كېلىپ يەرلەشتى.

چىن تاكى بۈگۈنگە قەدەر ئازسانلىق مىللەتلەرنى ئېزىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ۋاستىسى ناھايىتى مەككار بولدى. چىن گەرچە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا نوپۇسى 1.3 مىليارتتىن ئاشىدۇ. بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئارتۇق كەتكەن نوپۇسنى بىر تەرەپ قىلىش

ئاخىردا ئەيسا ئەفەندىم مۇنداق دېدى: «نۆۋەتتىكى يېڭى دۇنيا ۋەزىيىتىدە، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى بار، ئامېرىكا ۋە باشقا ئەللەر بۇ پرىنسىپنى تېخىمۇ ياخشى قوللىشى كېرەك».

ئۈچۈنچى، پۈتۈن چىن زېمىنىنىڭ 6 دىن بىرىگە توغرا كېلىدىغان شەرقىي تۈركىستاننى تاللىدى:

50 يىلدىن بۇرۇن شەرقىي تۈركىستاندا ئاران 300 مىڭ خىتاي بار ئىدى، 1990- يىلغا كەلگەندە، چىننىڭ كۆچمەن يۆتكەش سىياسىتىنىڭ نەتىجىسىدە، خىتايلارنىڭ نوپۇسى 6 مىليونغا يەتتى، ئەكسىچە ھالدا، بۇ ۋەتەننىڭ ئەسلى ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 35 پىرسەنتكە چۈشۈپ قالدى. چىن ھۆكۈمىتى، «شىنجاڭغا 200 مىليون نوپۇسنى يەرلەشتۈرگىلى بولىدۇ» دەپ قارىماقتا. ئۇچاغدا، 8 مىليون يەرلىك تۈرك خەلقى سەل كەبى خىتاي كەلكۈنى ئىچىدە غايىپ بولۇپ كېتىدۇ.

ئەيسا ئەپەندىم مۇنداق دېدى: «خىتايلارنىڭ كۆچمەن يۆتكەش سىياسىتى، بىزنى ئەسلىمىز قۇرۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلتۈرمەكتە».

قارىغاندا ئەيسا ئەفەندىم ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كەلگۈسى ئۆزگىرىشلەردىن ناھايىتى ئۈمىتۋاردەك قىلىدۇ.

مىللىتىمىز تۈرك دىنىمىز ئىسلام
ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستان

# شەرقى تۈركىستان ياشلىرى

ئايلىق سىياسى گېزىت

# Doğu Türkistan Gençleri

1994 - يىل 1 - ئاي ( 8 - سان )

AYLIK SIYASI GAZETE

## ئىستانبۇلدا شەرقى تۈركىستان ۋە دۇنيا تۈرك شېھىتلىرى ئۈچۈن مەۋلۇت ئۆتكۈزۈلدى

ئۆز خەۋىرىمىز: 94 - يىل 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، 93 ياشقا كىرگەن ھارماس ئىستىقلالچىمىز ۋە باتۇر قەھرىمانىمىز ئەيسا يۇسۇپ ئالپتېكىن، بارلىق شەرقى تۈركىستانلىقلارغا ۋاكالىتەن، تۈركىيە ئىستانبۇلدىكى بەش مىڭ كىشىلىك ئاتاكۆي جامەسىدە، شەرقى تۈركىستان شېھىتلىرى ۋە دۇنيا تۈرك شېھىتلىرى ئۈچۈن مەۋلۇت - شېرىف ئوقۇتقۇزدى. ئوقۇتقان مەۋلۇتكە، تۈركىيەنىڭ بەزى مىنىستىرى، مىللەت ۋەكىللىرى، ئوقۇمۇشلۇق زاتلار، دىنى ئۆلىمالار ۋە شەرقى تۈركىستانلىق قېرىنداشلاردىن بولۇپ بىر قانچە مىڭ كىشى قاتناشتى.



مەۋلۇت باشلىنىشتىن بۇرۇن، ئەيسا ئەپەندىم قىسقىچە سۆز قىلىپ، ئۆز يۇرتلىرىدا مادى ۋە مەنىۋى زۇلۇملار سەۋەبىدىن شېھىت بولغان، مىللى زۇلۇم ۋە مۇستەملىكىگە قارشى كۈرەشلەردە شېھىت بولغان، ۋەتەن قوغداش يولىدا شېھىت بولغان، ۋەتەننىڭ پۈتۈنلىكى ۋە تاشقى دۈشمەنگە قارشى كۈرەشلەردە شېھىت بولغان شەرقى تۈركىستان، تۈركىيە، ئەزەربەيجان، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، تاجىكىستان، قىبرىس، ئافغانىستان، قىرىم، تاتارىستان، كاۋكاسىيا، كېركۈك، بوسنا ھېرسېك، سانجاك كوساۋا، غەربى تىراكىيا، بۇلغارىستان تۈركلىرى شېھىتلىرى، جۈملىدىن پۈتۈن دۇنيا تۈرك شېھىتلىرىنى خاتىرىلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئەيسا ئەپەندىم ئۆز سۆزىدە يەنە 200 مىليون نوپۇسقا ئىگە تۈرك دۇنياسىدا بىرلىك، ئىتتىپاقلىقنىڭ يېتەرلىك بولمايۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتتى ھەمدە سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، « تۈرك دۇنياسىنىڭ باشپاناھى بولغان تۈركىيىگە يامان كۆزى بىلەن قارىغانلارنىڭ كۆزى كور بولسۇن !» دېدى.

ئوخشاش ۋاقىت ئىچىدە يەنە، تۈركىيە ئىستانبۇلدىكى كۆپلىگەن مەسجىتلەردىمۇ، مەخسۇس شەرقى تۈركىستان شېھىتلىرى ۋە دۇنيا تۈرك شېھىتلىرى ئۈچۈن خەتمە قۇرئان ئوقۇلدى ۋە دۇئا تىلاۋەت ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى مەۋلۇت - شېرىف ھەققىدىكى خەۋەرلەر، تۈركىيىدىكى بارلىق چوڭ - كىچىك گېزىتلەردە، رادىيو ئىستانسىسى، تېلېۋىزور ئىستانسىلىرىدا ئومۇمىي يۈزلۈك بېرىلدى.

## مىيونخېندا خىتايغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈلدى

« ياۋروپا شەرقى تۈركىستانلىقلار بىرلىكى » نىڭ رەئىسى ئەركىن ئالپتېكىننىڭ گېرمانىيىدىن بەرگەن خەۋىرى:

يېقىندا، « ياۋروپا شەرقى تۈركىستانلىقلار بىرلىكى »، چىن خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ( پارلامېنت باشلىقى ) چياۋشى باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ گېرمانىيىنىڭ مىيونخېن شەھىرىگە زىيارەتكە كەلگەنلىكىگە نارازىلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن مىيونخېن شەھىرىدە نامايىش ئۆتكۈزدى. بۇ قېتىمقى نامايىشقا، دۇنيا يېشىل تىنچلىق تەشكىلاتىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى، تىبەت داۋاسىنى قوللايدىغان بىر بۆلۈك گۇرۇپپىلار ۋە مىيونخېن شەھىرىدىكى تۈرك جەمئىيەتلىرىنىڭ ئەزالىرىمۇ قاتناشتى.

« ياۋروپا شەرقى تۈركىستانلىقلار بىرلىكى » نامايىش مەزگىلىدە، جىنىنىڭ تىبەت، شەرقى تۈركىستان ۋە ئىچكى موڭغۇل خەلقلىرىگە سالغان مىللى ۋە سىياسى زۇلۇملىرى ھەققىدە مەخسۇس نېمىسچە تەشۋىقات ماتېرىياللىرى تەييارلاپ، ئۇنى گېرمانىيە سىياسەتچىلىرىگە، خەلققە ۋە ئاخبارات ئورۇنلىرىغا تارقاتتى.

نامايىشچىلار، شەرقى تۈركىستان بىلەن تىبەتنىڭ بايرىقىنى ۋە « شەرقى تۈركىستان - تىبەت - ئىچكى موڭغۇلىيىگە ئەركىنلىك »، « كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىنسۇن »، « پۈتۈن سىياسى مەھبۇسلار قويۇپ بېرىلسۇن » دېگەن سۆزلەر يېزىلغان لوزۇنكىلارنى كۆتۈرۈپ چىقتى.



« ياۋروپا شەرقى تۈركىستانلىقلار بىرلىكى » نىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، ياش سىياسىيون ئەسقەرجان، گېرمانىيە باۋېيرا ئۆلكىلىك پارلامېنت بىناسىنىڭ ئالدىدا نېمىسچە قىلغان نۇتقىدا، چياۋشىنىڭ گېرمانىيىگە قىلغان زىيارىتىدىن بۇرۇن، جىنىنىڭ بەزى سىياسى جىنايەتچىلەرنى قويۇپ بەرگەنلىكىنى، بۇ ئارقىلىق گېرمانىيە جامائەتچىلىكىنىڭ كۆزىنى بوياشقا ئۇرۇنغانلىقىنى، ھالبۇكى جىنىنىڭ پەقەت 1993 - يىلىلا تىبەتتە 230 كىشىنى، شەرقى تۈركىستاندا 135 كىشىنى سىياسى سەۋەپ بىلەن قولغا ئالغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، مۇنداق دېدى: « بىر قانچە سىياسى تۇتقۇننى قويۇپ بېرىش بىلەن خىتايلار ئۆز سەممىيىتىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ. ئەگەر خىتايلار ھەقىقەتەن ئۆز سەممىيىتىنى بىلدۈرمەكچى بولسا، تىبەت، شەرقى تۈركىستان ۋە ئىچكى موڭغۇلدىكى مىڭلارچە سىياسى تۇتقۇننى ئەركىن قويۇپ بېرىشى، مول يەر ئاستى بايلىقىغا ئىگە بولغان بۇ مىللەتلەرنى دۇنيادىكى ئەڭ نامرات مىللەتكە ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىقتىسادى تالان - تاراج سىياسىتىگە خاتىمە بېرىشى ۋە بۇ مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك ».

« ياۋروپا شەرقى تۈركىستانلىقلار بىرلىكى » ئۆتكۈزگەن بۇ قېتىمقى نارازىلىق نامايىشى، گېرمانىيە خەلقىنىڭ كۈچلۈك ھېسداشلىقىنى قوزغىدى ۋە خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە ئەجەللىك زەربە بولدى.

## خىتاي 10 غا پارچىلىنىدۇ

يېقىندا، فىرانسىيىدە چىقىدىغان « ئىنفورماتسىيون » گېزىتى، يېقىن كەلگۈسىدە خىتاينىڭ 10 غا پارچىلىنىپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بەردى. تۈركىيىدە چىقىدىغان « تۈركىيە »، « يېڭى ئاسىيا »، « گېرچەك » قاتارلىق گېزىتلەر، فىرانسىيە « ئىنفورماتسىيون » گېزىتىنىڭ بەرگەن خەۋىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، خىتاينىڭ پارچىلىنىشى ھەققىدە خەۋەر بەردى. « تۈركىيە » ۋە « يېڭى ئاسىيا » گېزىتىنىڭ 94 - يىل 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى بەرگەن خەۋىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

( داۋامى 2 - بەتتە )

# خىتاي 10 غا پارچىلىنىدۇ

( بېشى 1-بەتتە )

فىرانسىيە، خىتاينىڭ يېقىن كەلگۈسىدە پارچىلىنىش ئەھۋالىدىكە دۆۋلەت بولىدىغانلىقىنى قەيت قىلدى. فىرانسىيە، ئەنگلىيە، ئاۋسترالىيە، گېرمانىيە، ھىندىستان ۋە ماليسىيە مۇتەخەسسىسلىرى خىتاينىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى بىر دوكلاتتا ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ئۆزگىرىش ئەھۋالىدىن ... تەرەققىيات بولغان بولسىمۇ، پارتىيىدىن نارازىلىق ... ئاخىرىدا ئىسيان پەيدا بولۇپ، خىتاينىڭ 10 غا پارچىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. خىتاي پارچىلانغان تەقدىردە ... ئاۋاتلىقنى ... خىتاي چېگرىسىدىكى رايونلار ئۆز ئالدىغا دۆلەت قۇرۇپ، ... ئىچكىرى خىتاي پارچىلىنىدۇ دەپ يازغان.

# دۇنيا ئىسلام بىرلىكى شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە موھىم قارار ئالدى

